# پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىپ، ئىدىيەنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي ئىش قىلىپ، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: 100 يىللىق كۈرەش قىلىش داۋامىدا، پارتىيەمىز باشتىن ـ ئاخىر ماركسىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى بويىچە تارىخىي چوڭ يۈزلىنىشنى تەھلىل قىلىپ ۋە ئىگىلەپ، جۇڭگو بىلەن دۇنيانىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، تۈرلۈك تارىخىي پۇرسەتنى تۇتۇش ۋە ئۇنىڭدىن ياخشى پايدىلىنىشقا ماھىر بولدى. پۈتۈن پارتىيەنى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىش ئىستراتېگىيەلىك پۈتۈن ۋەزىيىتى ۋە دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى كۆڭلىگە پۈكۈشكە تەربىيەلەپ، يېتەكلەپ، چوڭ تارىخىي قاراشنى تۇرغۇزۇپ، تارىخنىڭ ئۇزاق ئېقىنى، دەۋر دولقۇنى، يەر شارىۋى ۋەزىيەتتىن ئۆزگىرىش مېخانىزمىنى تەھلىل قىلىپ، تارىخىي قانۇنىيەت ئۈستىدە ئىزدىنىپ، مۇناسىپ ئىستراتېگىيەلىك تاكتىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خىزمەتنىڭ سىستېمىلىقلىقى، ئالدىن كۆرەرلىكلىكى، ئىجادىيلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيەمىزنىڭ 100 يىللىق تارىخى پارتىيەنىڭ ئەسلىي مەقسىتى، بۇرچىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش تارىخى، پارتىيە بىلەن خەلقنىڭ قەلبداش، ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇش تارىخى. تارىخ شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، ھاكىمىيەت دېمەك خەلق دېمەكتۇر، خەلق دېمەك ھاكىمىيەت دېمەكتۇر، خەلق رايىنى مايىل قىلىش ـ قىلالماسلىق پارتىيەنىڭ ھايات ـ ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك. خەلقنىڭ ئىشەنچىنى قولغا كەلتۈرۈپ، خەلقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەندە، پارتىيە ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى يېڭەلەيدۇ، ھەممىدە غەلىبە قىلالايدۇ. پۈتۈن پارتىيەنى پارتىيەنىڭ خاراكتېرى، ئاساسىي مەقسىتىنى چوڭقۇر تونۇشقا تەربىيەلەپ، يېتەكلەپ، ھەممىدە خەلقنى كۆزلەش، ھەممىدە خەلققە تايىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، باشتىن ـ ئاخىر خەلقنى قەلبىنىڭ ئەڭ يۈكسەك ئورنىغا قويۇپ، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى كۈرەش نىشانى قىلىپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن پۈتۈن خەلققە تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ئادىل نەپ يەتكۈزۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ئورتاق بېيىشتا تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك ماھىيەتلىك ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، 1 مىليارد 400 مىليون جۇڭگو خەلقىنى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولىدىغان قۇدرەتلىك كۈچ قىلىپ مۇجەسسەملەش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيەمىزنىڭ قەدەممۇ قەدەم ئىلگىرىلىگەنلىكىدىكى ناھايىتى مۇھىم بىر نۇقتا ئۆزلۈكسىز تۈردە تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، قابىلىيەتنى ئۆستۈرگەنلىكى، خەۋپ ـ خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش، خىرىسنى كۈتۈۋېلىش، خەۋپ ـ خەتەرنى بىخەتەرلىككە ئايلاندۇرۇش ئىقتىدارى ـ سەۋىيەسىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرگەنلىكىدۇر. ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى ئالدىن مۆلچەرلىگىلى بولىدىغان ۋە ئالدىن مۆلچەرلەش قىيىن بولغان تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارغا تېخىمۇ ياخشى تاقابىل تۇرۇشتا، جەزمەن تارىختىن ئىلھام ئېلىپ، تارىخىي تەجرىبىلەردىن دۈشمەننى يېڭىپ غەلىبە قىلىش ئەڭگۈشتەرىنى تاۋلاپ چىقىش كېرەك. پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىدىن ئىبارەت بۇ مۇھىم تۈگۈن نۇقتىنى چىڭ تۇتۇپ، نۇرغۇن يېڭى تارىخىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۇلۇغ كۈرەشنى چىقىش قىلىپ، پارتىيەنىڭ ئوخشاش بولمىغان تارىخىي مەزگىلدە خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارغا مۇۋەپپەقىيەتلىك تاقابىل تۇرۇشتىكى مول تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، تەتبىقلاپ، تاشقى مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە بىرقەدەر ئۇزاق ۋاقىت تاقابىل تۇرۇش ئىدىيە تەييارلىقى ۋە خىزمەت تەييارلىقىنى ياخشى قىلىپ، ئۆزلۈكسىز ھالدا كۈرەش قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، كۈرەش قىلىش تەجرىبىسىنى بېيىتىپ، كۈرەش قىلىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. پارتىيەنىڭ 100 يىللىق تارىخى يەنە پارتىيەمىزنىڭ ئىلغارلىقى ۋە ساپلىقىنى ئۆزلۈكسىز ساقلاپ، پارچىلىۋېتىش، چىرىكلەشتۈرۈۋېتىش خەۋپىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئالدىنى ئېلىش تارىخى. پۈتۈن پارتىيەنى تارىخىي تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەش ئارقىلىق پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى رېئال مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى كۆزلەپ، ئۆزلۈكسىز تۈردە پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك سەۋىيەسى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، چىرىكلىشىشنى رەت قىلىپ، ئۆزگىرىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە خەۋپ ـ خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشكە تەربىيەلەش، يېتەكلەش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: 100 يىللىق ئاجايىپ كۈرەش قىلىش مۇساپىسىدە، ئەۋلادمۇئەۋلاد جۇڭگو كوممۇنىستلىرى قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىپ، بوشاشماي كۈرەش قىلىپ، ئۆلۈمگە پىسەنت قىلمايدىغان زور بىر تۈركۈم ئىنقىلابىي قۇربانلار، قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىدىغان زور بىر تۈركۈم قەھرىمان شەخسلەر، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئۆزىنى بېغىشلايدىغان زور بىر تۈركۈم ئىلغار نەمۇنىچىلار بارلىققا كېلىپ، بىر قاتار ئۇلۇغ روھنى شەكىللەندۈرۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ مەنىۋى شەجەرىسىنى تۇرغۇزۇپ، بىزنىڭ پارتىيە قۇرۇش، پارتىيەنى گۈللەندۈرۈش، پارتىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇشىمىزنى مول ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلىدى. پۈتۈن پارتىيەنى قىزىل ئەنئەنىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇش، قىزىل گېنغا ۋارىسلىق قىلىشقا تەربىيەلەپ، يېتەكلەپ، كوممۇنىستلارنىڭ مەنىۋى تومۇرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئىنقىلابچىلارنىڭ قورقماس كۈرەش قىلىش روھىنى باشتىن ـ ئاخىر ساقلاپ، يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىش، يېڭى دەۋردە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشتەك كۆتۈرەڭگۈ جۇشقۇن روھنى ئۇرغۇتۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بايراق روشەن ھالدا سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىپ، پارتىيەنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە مەركەزلىك بىرتۇتاش بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش پارتىيەنىڭ جېنى، شۇنداقلا پارتىيەمىزنىڭ 100 يىللىق چوڭ پارتىيەگە ئايلىنىپ، ئەسىر ئۇلۇغ ئىشلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرالىشىنىڭ ئاچقۇچى. پۈتۈن پارتىيەنى پارتىيە تارىخىدىن ئىجابىي ۋە سەلبىي ئىككى جەھەتتىكى تارىخىي تەجرىبىلەرنى قوبۇل قىلىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا تۇغرىلىنىپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئاڭلىق ھالدا ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاشقا تەربىيەلەپ، يېتەكلەپ، پۈتۈن پارتىيەدە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، بىر نىيەتتە ئويلاپ، بىر مەقسەتتە كۈچ چىقىرىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پۈتۈن پارتىيەدە پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش پارتىيەنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدىكى بىر چوڭ ئىش. پۈتۈن پارتىيە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئىدىيەۋى يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، مەۋقەنى ئەمەلىيەتكە قويۇپ، توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىپ، ئۆگىنىش تەربىيەسىنىڭ تۈرلۈك ۋەزىپىلىرىنى يۇقىرى ئۆلچەمدە، يۇقىرى سۈپەتلىك ئورۇندىشى كېرەك. بىرىنچى، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېت(پارتىيە گۇرۇپپا)لىرى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك، ئاساسلىق رەھبىرىي يولداشلار ئۆزى تۇتۇپ، باشلامچىلىق بىلەن ئۈلگە بولۇپ، رەھبەرلىك ئاپپاراتى قۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ۋە تەلەپلىرىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. مەركىزىي كومىتېت پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىشى كېرەك، ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ساھە، سىستېمىلارغا مەسئۇل تارماقلارنىڭ پارتىيە گۇرۇپپا(پارتىيە كومىتېت)لىرى قاراشلىق رايون، تارماق ۋە ئورۇنلارغا بولغان ھەيدەكچىلىك قىلىش ـ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىشى كېرەك. پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار قايسى قاتلام ۋە ئىش ئورنىدا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاتلىنىپ، ئۆگىنىشتىن تەپەككۇر ھاسىل قىلىش، ئۆگىنىشتىن چۈشەنچە ھاسىل قىلىش، ئۆگىنىشتىن ئۈنۈم ھاسىل قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. ئىككىنچى، توغرا بولغان پارتىيە تارىخى قارىشى تۇرغۇزۇش كېرەك. پارتىيەمىزنىڭ تارىخىي مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ئىككى قارارى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار روھىنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي تېمىسى، ئاساسىي لىنىيەسى، ئاساسىي ئېقىمى، ماھىيىتىنى دەل جايىدا ئىگىلەپ، پارتىيە تارىخىدىكى مۇھىم، زور ۋەقەلەر، مۇھىم يىغىنلار، مۇھىم شەخسلەرنى توغرا تونۇش ۋە ئۇنىڭغا ئىلمىي باھا بېرىش كېرەك. بايراق روشەن ھالدا تارىخىي ئىنكارچىلىققا قارشى تۇرۇپ، ئىدىيە جەھەتتىن يېتەكلەش ۋە نەزەرىيە جەھەتتىن تەھلىل قىلىشنى كۈچەيتىپ، تېخىمۇ ياخشى ھالدا ئاساسىدىن تۈزەپ مەنبەدىن ساپلاشتۇرۇپ، ئاساسنى مۇستەھكەملەپ روھ يېتىلدۈرۈش كېرەك. ئۈچىنچى، ھەقىقىي تۈردە ئامما ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بېرىش كېرەك. پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىشنى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش، رېئاللىققا كۆڭۈل بۆلۈش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، «مەن ئامما ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىمەن» ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش پائالىيىتىنى ياخشى قانات يايدۇرۇپ، ئۆگىنىش نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى خىزمەتتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ۋە نەتىجە ـ ئۈنۈمگە ئايلاندۇرۇپ، ئۆگىنىش ۋە خىزمەتتە «ئىككى ياقلىملىق» بولۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. تۆتىنچى، شەكىل، ئۇسۇلدا يېڭىلىق يارىتىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ماركسىزملىق ئېسىل ئۆگىنىش ئىستىلىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئۆگىنىش تەلىپى، ئۆگىنىش ۋەزىپىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مەزمۇن، شەكىل، ئۇسۇلدا يېڭىلىق يارىتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، قاراتمىلىقى ۋە ئۈنۈملۈكلۈكىنى ئۆزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك. ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، مەركەزلىك ئۆگىنىش بىلەن ئۆز ئالدىغا ئۆگىنىشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، بەلگىلەنگەن ھەرىكەت بىلەن ئۆزى تاللىغان ھەرىكەتنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئالاھىدىلىكى روشەن، شەكلى كۆپ خىل بولغان ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. پۈتكۈل جەمئىيەتتە پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تارىخى، سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخى تەشۋىقات ـ تەربىيەسىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە تارىخى بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى ئاممىغا ئارىسىغا چوڭقۇر سىڭدۈرۈش، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر سىڭدۈرۈش، كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. پارتىيە تارىخى تېمىسىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى، بولۇپمۇ كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىشقا ئىلھام بېرىپ، ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆگىنىش تەربىيەسىنى ياخشى تۇتۇپ، قىزىل گېنغا، ئىنقىلاب مەشئىلىگە ئەۋلادمۇئەۋلاد ۋارىسلىق قىلدۇرۇش كېرەك. شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى قەتئىي تۈگىتىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

ۋاڭ خۇنىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلغاندا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىدە ۋەزىيەت ئومۇميۈزلۈك ئىگىلەنگەن، نەزەر دائىرە كەڭ، ئىدىيە چوڭقۇر بولۇپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى چوڭقۇر شەرھلەنگەن، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ۋە خىزمەت تەلىپى چوڭقۇر شەرھلەنگەن، بۇ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىگە قارىتا ئومۇميۈزلۈك سەپەرۋەر قىلىش ۋە ئورۇنلاشتۇرما قىلىش بولۇپ، بىزنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى ياخشى قانات يايدۇرۇشىمىز ئۈچۈن يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېت(پارتىيە گۇرۇپپا)لىرى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىدىيەۋى تونۇش ۋە سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقى، ئۆز ئورنىنىڭ ئۆگىنىش تەربىيە خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇشى كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىرى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىلىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ پارتىيەلىك مۇئاۋىن باشلىقلىرى، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارلىرى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ پارتىيەلىك مۇئاۋىن رەئىسلىرى ھەممە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ئەزالىرى يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىن تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى شەكلىدە ئېچىلدى، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى، ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر ۋە مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىك شەھەرلەر، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى خەلق تەشكىلاتلىرى، مەركەز باشقۇرىدىغان پۇل مۇئامىلە كارخانىلىرى، مەركەز باشقۇرىدىغان كارخانىلار، مەركەز باشقۇرىدىغان ئالىي مەكتەپلەر، ئارمىيەنىڭ ئالاقىدار ئورۇنلىرىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى مەركەز لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يېڭىچە ھەربىي مەشىق سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، مەشىق سەۋىيەسى ۋە غەلىبە قىلىش ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، پارتىيەنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، خەلق ئارمىيەسىنى دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئارمىيە قىلىپ ئومۇميۈزلۈك قۇرۇپ چىقىشنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

«قارار»دا مۇنداق تەكىتلەندى: ئۇرۇش بىلەن مەشىقنىڭ بىردەكلىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، بىرلەشمە مەشىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، مەشىق باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق ئەسكەر مەشىقلەندۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، مەشىق كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق تىرەك بولۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىش مېخانىزمى ۋە ئەسكەر مەشىقلەندۈرۈش قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، ئۇرۇش بىلەن مەشىق بىر گەۋدىلەشتۈرۈلۈپ باغلانغان، ئىدىيە، ئەندىزە ئىلغار بولغان، مەزمۇن، ئۇسۇل ئىلمىي بولغان، تەشكىللەش، باشقۇرۇش يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولغان، بايلىق، كاپالەت كۈچلۈك بولغان، سىياسەت، تۈزۈم يۈرۈشلەشكەن يېڭىچە ھەربىي مەشىق سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىش كېرەك.

«قارار»دا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: ئۇرۇش بىلەن مەشىقنى چوڭقۇر باغلاش ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، ئۇرۇش بىلەن مەشىقنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ يۈرۈشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئۇرۇش قىلىش مەسىلىسى تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئەمەلىي ئۇرۇش مەشىقىنىڭ مەزمۇنى، ئۆلچەمدە يېڭىلىق يارىتىپ، ئۇرۇش تەييارلىقى ۋەزىپىسى مەشىقنى كۈچەيتىپ، ھەربىي مەشىقنىڭ يېتەكلەش ۋە تۈرتكە بولۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك؛ سىستېما بويىچە ئەسكەر مەشىقلەندۈرۈش ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىپ، ھەرقايسى قاتلام، ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ مەشىق ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، قوماندانلىق قىلىش مەشىقىنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك؛ ھەربىي مەشىقنى يۈرۈشتۈرۈش، باشقۇرۇشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەشىق باشقۇرۇش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەشىق پىلانى بويىچە باشقۇرۇشنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، قىيىن، قاتتىق بولۇش تەلىپى بويىچە مەشىققە تەشكىللەپ، مەشىقنى يولغا قويۇپ، مەشىقنى تەكشۈرۈش، باھالاشنى چىڭىتىپ، مەشىق نەتىجىسىنى ئىدىلاندۇرۇپ قوللىنىشنى قېلىپلاشتۇرۇپ، مەشىق نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، مەشىق بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇشنى ئەمەلىي تۇتۇش كېرەك؛ ھەربىي مەشىق شارائىتى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، مەشىق كاپالىتى ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىپ، ئەينەن جەڭ مەيدانى مۇھىتى بەرپا قىلىپ، ئىلغار مەشىق ۋاسىتىلىرىنى تەتقىق قىلىش كېرەك؛ پارتىيەنىڭ ھەربىي مەشىق خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە كومىتېتىنىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، ئەسكەر مەشىقلەندۈرۈش بىرىكمە كۈچى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى كۈچەيتىپ، ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق تىرەك بولۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تىنچ شارائىتتىكى يىغىلىپ قالغان نۇقسانلارنى قەتئىي تۈگىتىپ، ئەسكەر مەشىقلەندۈرۈش، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق بولغان خىزمەت يۆنىلىشى، ئادەم ئىشلىتىش يۆنىلىشى، سىياسەت يۆنىلىشى، ئاممىۋى پىكىر يۆنىلىشىنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پارتىيەنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىگە ياخشى ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى ياخشى ئەۋج ئالدۇرۇش كېرەك.» ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش ـ ترانسپورت نازارىتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن نازىر لى شۈدۇڭ مۇنداق دېدى: بىز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئاڭلىق ھالدا ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، ئاڭلىق ھالدا بىر ياقىدىن باش چىقىرىش، بىر نىيەتتە ئويلاش، بىر مەقسەتتە كۈچ چىقىرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشى ئۈچۈن كۈچ قوشىمىز.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەكتىپى (مەمۇرىيەت شۆبىۋەنى) پارتىيە تارىخى، پارتىيە قۇرۇلۇشى ئوقۇتۇش ـ تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، دوتسېنت خې ۋېيچاڭ مۇنداق دېدى: پارتىيەمىزنىڭ 100 يىللىق تۇغۇلغان كۈنى تەبرىكلىنىۋاتقان مۇھىم، زور پەيتتە، «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانى تارىخىي كېسىشكەن ئاچقۇچلۇق تۈگۈندە، پۈتۈن پارتىيەدە پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى مەركەزلىك قانات يايدۇرۇش دەل ۋاقتىدا بولدى. پارتىيە تارىخى تەشۋىقات ـ تەربىيە خىزمەتچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەسئۇلىيىتىمنىڭ ئېغىر، زورلۇقىنى، بۇرچۇمنىڭ شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. خىزمەت داۋامىدا توغرا بولغان پارتىيە تارىخى قارىشى تۇرغۇزۇپ، بايراق روشەن ھالدا تارىخىي ئىنكارچىلىققا قارشى تۇرۇپ، ئىدىيە جەھەتتىن يېتەكلەش ۋە نەزەرىيە جەھەتتىن تەھلىل قىلىشنى كۈچەيتىمەن.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى جاۋ چۈەن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتى پارتىيەنىڭ ياردەمچىسى ۋە زاپاس قوشۇنى. بىز ئىدىيە يۈكسەكلىكىمىزنى ئۆستۈرۈپ، مەۋقەنى ئەمەلىيەتكە قويۇپ، توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىپ، ئۆگىنىش تەربىيەسىدىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى يۇقىرى ئۆلچەمدە، يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملايمىز. ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ ئېھتىياجىغا يېقىنلىشىپ، توردا تەشۋىق قىلىش بىلەن تور سىرتىدا لېكسىيە سۆزلەشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي تېمىلىق ئىتتىپاق كۈنى، ئەترەت كۈنىنىڭ ۋاسىتىلىك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى ۋە ئىتتىپاق ئەزالىرى، ياشلار ئارىسىدا پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تارىخى، سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخى تەشۋىقات ـ تەربىيەسىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە تارىخى بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، قىزىل گېن، ئىنقىلاب مەشئىلىنى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇرىمىز.

گۇچۈڭ ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ما شۈدۇڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: پۈتۈن پارتىيەدە پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش پارتىيەنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدىكى بىر چوڭ ئىش. كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى، ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپىدىكى «قوماندان» بولۇش سۈپىتىم بىلەن، باش شۇجىنىڭ تەلىپى بويىچە، سىياسىي مەسئۇلىيەتنى قەتئىي زىممەمگە ئېلىپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پارتىيەگە بولغان تونۇشۇمنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەنىۋى كالتسىينى تولۇقلاپ، سىياسىي پەزىلەتنى تاۋلاپ، غايە ـ ئېتىقادنى چىڭىتىپ، جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئاساسىي مەقسىتىنى ئەمەلىيىتىمدە كۆرسىتىپ، باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ياخشى ئۆگىنىمەن، ياخشى ئىزچىللاشتۇرىمەن، ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرىمەن. بولۇپمۇ پۈتۈن ناھىيەدە پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى ياخشى قانات يايدۇرۇشنى ئۆزۈم تۇتۇپ، باشلامچىلىق بىلەن ئۈلگە بولۇپ، ھەقىقىي تۈردە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى ۋە تەلىپىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرىمەن.

«پارتىيەنىڭ تارىخى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ شانلىق، پارلاق تارىخىي مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. بىز پارتىيە تارىخىنى مەكتەپ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي دەرسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ، پارتىيە تارىخىنى دەرسخانىغا كىرگۈزۈش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كاللىسىغا سىڭدۈرۈشكە تۈرتكە بولىمىز.» باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگەنگەندىن كېيىن، شىنجاڭ سىفەن داشۆسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى گې گو پارتىيە ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەش، دۆلەت ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش بۇرچىنىڭ تېخىمۇ مۈشكۈل، شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ مۇنداق بىلدۈردى: مەكتىپىمىز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىدۇ، ئىزچىللاشتۇرىدۇ، ئۆگىنىش ئۈنۈمىنى خەلق رازى بولىدىغان مائارىپ بەرپا قىلىشتىكى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرىدۇ.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: تارىخ شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، ھاكىمىيەت دېمەك خەلق دېمەكتۇر، خەلق دېمەك ھاكىمىيەت دېمەكتۇر، خەلق رايىنى مايىل قىلىش ـ قىلالماسلىق پارتىيەنىڭ ھايات ـ ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك. خەلقنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، خەلقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەندە، پارتىيە ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى يېڭەلەيدۇ، ھەممىدە غەلىبە قىلالايدۇ. «باش شۇجىنىڭ سۆزىدە كۆڭلۈمدىكى گەپ قىلىنىپتۇ!» پەيزاۋات ناھىيەسى يېڭىمەھەللە يېزىسى لايلىق كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى غوپۇرجان ئەخەت مۇنداق بىلدۈردى: پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىشنى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش، رېئاللىقنى كۆزدىتىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە ئاممىغا ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىپ، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بېرىپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتىنى مۇستەھكەم جەڭگىۋار قورغان قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز.

**(مۇخبىر لى ياڭ، قاتناشقان مۇخبىرلار فەن خۇڭيى، لۇ فېڭباۋ، لياڭ لىخۇا، گې يۈەجۈن، خې خۇڭۋېي، جاۋ شيا، جېڭ جو، گۇچۈڭ ناھىيەسى يۇغۇرما تاراتقۇ مەركىزىدىن ئەن تاۋ)**